1994
ئاپرېل 2- سان
ئايلىق
سىياسىي گېزىت
Aylık
Siyasi Gazete

# شەرقىي تۈركىستان

ŞARKİ TÜRKİSTAN ( DOĞU TÜRKİSTAN )

ئىستىگىمىز- ئىستىقلال، دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرىدۇر

## ئۈچ تەرەپ بىرلەشمە كومىتېتى ئورتاق تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىدى

1994- يىلى 2- ئاينىڭ 26- كۈنى، «شەرقىي تۈركىستان - تىبەت ۋە ئىچكى موڭغولىيە خەلقلىرى بىرلەشمە كومىتېتى» گېرمانىيىنىڭ فرانكفۇرت شەھىرىدە 3 تەرەپ باش قوشۇش يىغىنى ئېچىپ، بۇندىن كېيىن 3 تەرەپنىڭ بىرلەشمە تەشۋىقاتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدە بىردەك پىكىرگە كەلدى.

باش قوشۇش يىغىنىغا، 3 تەرەپ بىرلەشمە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاشى ۋاڭدى، بىرلەشمە كومىتېت ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپ تېكىن، تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي ئىشلار مىنىستىرى چوگيال خانىم ۋە بىرلەشمە كومىتېتىنىڭ لوندون ۋەكىلى تاكلا خانىم، فرانسىيە ۋەكىلى دوكتۇر ناۋاڭ رابىيال ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ ياۋروپادىكى بىر قىسىم ۋەكىللىرى قاتناشتى.



بۇ قېتىمقى يىغىندا، 3 تەرەپ بىرلىكتە ئورتاق بانكا ھېساۋى ئېچىش، بىرلىكتە ئەنگىلىزچە، ئۇيغۇرچە، تىبەتچە، موڭغۇلچە تىللاردا تەشۋىقات خەۋەرلىرى چىقىرىشنى مۇمكىن قەدەر تېزلىتىش ۋە 3 تەرەپنىڭ بىرلەشمە پائالىيەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

3 تەرەپ بىرلەشمە كومىتېتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان ئەنگىلىزچە، ئۇيغۇرچە، تىبەتچە، موڭغۇلچە تۆت تىللىق سىياسىي ژورنال پات يېقىندا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلماقچى.

## خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى ئەڭ نامرات «ئۆلكە» لىك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى

ئىچكى - تاشقى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ قاتتىق بېسىمىغا ۋە ئىقتىسادىي كرىزىسقا دۇچ كەلگەن قىزىل خىتاي ھۆكۈمىتى، 1993- يىلىدىن باشلاپ ئىلگىرىكى «پىلانلىق ئىگىلىك» نى چۆرۈپ تاشلاپ، ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا «بازار ئىگىلىكى» (ئەركىن ئىقتىسات) نى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي ۋە سودا ساھەسىدىكى پارتكوملارنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن، ئىقتىسادىي ساھەدە كوممۇنىستىك رېجىمنىڭ مەھسۇلى بولغان بىيوكراتلىق ۋە چىرىكلىك سەل - پەل يوقاپ، خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە بازار ئاۋاتلىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تېز يۈكسەلدى.

ئەپسۇسكى، خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە يولغا قويۇلغان ئەركىن ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەلىيلەشمىدى، مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى غەرەزلىك ھالدا خىتاينىڭ 70- يىللاردىكى سەۋىيىسىگە تاشلاپ قويدى، بۇ سەۋەپتىن،

(داۋامى 2- بەتتە)

## ياۋروپادا بىرلەشمە دوكلات بېرىلدى

يېقىندا جەنۋەدە، خەلقئارا كېلىشتۈرمە تەشكىلاتى، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى فېدېراتسىيىسى ۋە خەلقئارا مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەمئىيىتى بىرلىكتە خىتايدا، تىبەتتە ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ئېغىر دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىرلەشمە دوكلات بەردى. (داۋامى 2- بەتتە)



## بارىن ئىنقىلابىنىڭ تۆت يىللىقى خاتىرىلەندى

ئۆز خەۋىرىمىز: بۇ يىل 4- ئاينىڭ 5- كۈنى، تۈركىيە ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز «شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى» بىناسىغا توپلىنىپ، ناھايىتى قايغۇ ۋە سېغىنىش كەيپىياتى ئىچىدە، مەشھۇر بارىن ئىنقىلابىنىڭ 4 يىللىقىنى خاتىرىلىدى.

خاتىرىلەش يىغىنىدا ئالدى بىلەن، ۋەتەن، مىللەت ۋە ئىسلامنىڭ شان - شەرىپىنى قوغداش يولىدا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قانلىق كۈرەشتە باتۇرلارچە شېھىت بولغان بارىن شېھىتلىرى ۋە بارلىق شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرى ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت ۋە خەتمە - قۇرئان ئۆتكۈزۈلدى. (داۋامى 2- بەتتە)

## «ئۇ.ن.پ.ئو» نىڭ ئۈچ يىللىقى خاتىرىلەندى

1994- يىل 2- ئاينىڭ 11- كۈنى، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىللىكى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» (ئۇ.ن.پ.ئو) گوللاندىيىنىڭ خاگا شەھىرىدە، بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 3 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. (داۋامى 3- بەتتە)



# شېئىرىيەت سەھىپىسى

## تاغلارساغا ھۆرمەتتە

**سېتىنسا لوقمان ( شەمشات )**

تاغلارساغا ھۆرمەتتە بىلدۈرمەكتە ئىھتىرام،
باغلار مۇھەممەت ئالقىشلاپ ئاچتى چىھرىدىن خۇشچىراي.
ئاقتى تارىم دولقۇنلاپ ئېيتتى دىلدىن ئاپىرىن،
ئالتۇن تارىخ بېتىدىن ئالغا چىقسەن چوڭقۇرجاي.

ئازات قىلىپ ئەرك ئۈچۈن چىقىقىنىڭدا ئاتلىنىپ،
تىترەپ كەتتى بەزگەكتەك ئىت خىتاينىڭ ژۈرىگى
يەر-ئاسماندىن ئوقنى ياغدۇرسىمۇ ياغمۇردەك،
جاسارىتىڭ ئالدىدا قالدى سانسىز ئۆلۈكى.

بوغقىنىدا خەلقىڭنى مۇدھىش زۇلۇم سىرتمىقى،
شۇ سىرتماقنى ئۈزمەكچۈن ئۇرغۇتتىڭسەن قېنىڭنى،
ھۆر-ئازات بوپ جاھاندا ياشىماقچۈن ئىنساندەك،
مىللىتىڭنىڭ بەختىچۈن پىدا قىلدىڭ جېنىڭنى.

ئانىلار ھەم بوۋاقلار قىلىنغاندا قەتلىئام،
جاھان ئەھلى خىتايغا ئاتتى لەنەت تېشىنى.
شۇ ۋەھشىلىك دىللاردا قوزغىغاچقا ئىنتىقام،
شۇ فاشىستلار ئاقىۋەت يەيدۇ جەزمەن بېشىنى.

چېچىلغۇسى تەربىر تال تاش مىلىيارد تونتا ياغاقنى،
تامچە زەھەر تېپىتغاي قانچىلاپ داش قازانغا.
ھەقنى سۆيگەن مەرتلىكىڭ سۆيۈندۈرگەچ خەلقىڭنى،
ئايلاندى گۈل ھاياتىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس چولپانغا.
ئەي سۆيۈملۈك غازىلار، ھەم قەھرىمان شەھىدلەر!،
سىلەر ياققان ئۆچمەس ئوت ئايلانغۇسى يانغىنغا.
تامچى قانىدىن تۇغۇلدى سانسىز ئەۋلادۋارىس بولۇپ
يالماۋۇز چىن تەختىنى غەرق قىلغاي تاشقىندا.

ئەجداد روھى كۈلمەكتە شۇ ئۇلۇغۋار ئىسياندىن،
ھەرگىيا-تاش غەزەپتىن كەلدى ئەنە لەرزىگە.
قەد كۆتىرىپ ئازاتلىق ھەم ئادالەت ئاخىرى،
ھەقىقەتنىڭ سۇلتانى چىققاي جەزمەن تەختىگە.

**ئاچقىسالتىنۇ، ئايلىشلىتۇ!**
**ئاشمانىغ بىلساماندىن بىلمەسلىك بىلمەسىز**

گېزىت ئىدارە ھەيئىتىدىكىلەر:
گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە باش مەسلىھەتچىسى:
ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن
گېزىت مەسئۇلى: ئارسلان ئالىپتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت
باش تەھرىر: پەرھات يۇرۇڭقاش
مۇئاۋىن باش تەھرىر: ش. خەلىل بوزقۇرت
تەھرىر: ئابلىمىز يالقۇنتاغ

گېزىتىمىز ئادرېسى: Yenikapı N. Kemal Cd. Yalı Mh. No. 79/2 Aksaray – İSTANBUL
تېلېفون: Tel: (0212) 586 07 61
فاكس: « 529 58 67 – 68

## ئىككى شېئىر

**سۇلتان ماخمۇت قەشقەرى**

### قايتىپ كېلىمەن

خوش! دېگەن چېغىمدا ساڭا ئانىجان،
كۆزۈمدىن سىرغىدى ئىككى تامچە ياش!
چولغىدى قەلبىمنى قارا گۈمان،
تاغلارنىڭ كەينىگە مۈككەندەك قۇياش!

ئامان بول ئوغلۇم! دەپ تارىم باغرى،
بىر مۇڭلۇق پەردەك تەلمۈرۈپ قالدى.
ئۈمۈدىم سەندە، دەپ تەڭرى تاغلىرى،
ماڭا قول ئۇزۇتۇپ تەلپۈنۈپ قالدى.

مەن دېدىم: - كۆڭلۈڭنى بۇزما ئانىجان،
ھەرجايدا بولسامۇ پىكرىم سېنىڭدە.
ژۈرۈكۈم رىشتىسى ساڭا باغلانغان،
خىيالىم، ئەس يادىم، زىكرىم سېنىڭدە.

ئەل دېسەڭ يولىڭدا مەيلى ئۆلىمەن،
ھەرقاچان، ھەريەردە پىدادۇر جېنىم!
يىغلىساڭ يىغلايمەن، كۈلسەڭ كۈلىمەن،
سەن مېنىڭ تومۇردا ئوقچۇغان قېنىم!

جۇش ئۇرار قەلبىمدە ئىستىقلال مارشى،
سېنى تاڭ نۇرىغا چۈمدۈرمەك ئۈچۈن.
قىلىمەن كۈرەش -جەڭ مەلئۇنغا قارشى،
شۇغەمكىن يۈزۈڭنى كۈلدۈرمەك ئۈچۈن.

كۆزكۆلۈڭنى ھېچ بۇزما بەربىر ئازچىداش،
كېلىمەن تويىڭغا قايتىپ بىر كۈنى!
ئۇچاغلار ئۈستىگە پارلايدۇ قۇياش،
ۋەشائىر ئوغلۇڭنىڭ ياڭرايدۇ ئۈنى!

### غايە يولىدا

بۇ جاھاننىڭ قىسمىتىگە شۇنچە كۆپ ھەيرانمەن،
باشقىلار ھۆر، مىللىتىم مەھكۇم شۇڭا ۋەيرانمەن.

ۋەتىنىم چەكمەكتە پەرياد ئەجدىھانىڭ ئاغزىدا،
ئاھ پۇغانى كۆكتىن ئاشقان مەن غېرىپ بىچارىمەن.

بىر نىجات يۇلتۇزى تاپماق مېنىڭ ئىستەكلىرىم،
شۇ ئۈمىد، ئىستەك يولىدا يول مېڭىپ ئاۋارىمەن.

مەيلى شۇ يولدا كېزىپ ئۆلسەممۇ يوقكى ئارمىنىم،
«بىر يۇتۇم سۇ» دەپ چاكىلداپ دەشتى - چۆل، سەھرادىمەن.

بۇ جاھاندا كۈچى باربولا كۈچمۇ يوللۇق ئىكەن،
ھەققە ھەغرا كامىلىقىدىن باغرى قان سەۋدايىمەن،

جان ئېلىم مەھرۇم بۈگۈن ئۆز ئەركىدىن - ھۆرلىكىدىن،
مەن ئۇنىڭ شەيداسىدا گوياكى بىر پەرۋانىمەن.

ھۆسنى گۈل، زىبا ئېلىم، جانانە يارىم ئىشقىدا،
يۈرىكى ئوت بولۇپ يالقۇنلىغان سەكپارىمەن.

ۋەتىنىمنىڭ ئاق سۈتى ئالدىدا قەرزىم بېھساپ،
قىلىمەن چۇقۇم ئادا سۇلتان سۇتۇق ئەۋلادىمەن.

ۋەتىنىمنىڭ دەردىگە ئىزدەپ داۋا ئالەم ئارا،
يەتتە ئىقلىمنى كېزىپ يۈرگەن جەسۇر سەييارىمەن.

كىم ئېلىمنىڭ ھۆرلىكىگە بولسا جاندىن خەيرىخاھ،
شۇ مېنىڭ دوستۇم - ئاغىنەم مەن ئۇنىڭ دىلدارىمەن.

بولمىدىم ھېچ نائۈمىد تاكى ۋەسلىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ،
چاقنىغان نۇرانە تاڭنىڭ ۋەسلىگە خۇشتارىمەن.

خەلقىمىزنىڭ غايىسىنى يەتتە ئىقلىمغا جاكا،
قىلغۇچى، ئانا ئېلىمنىڭ تەمبىرى، دوتتارىمەن.

مەن ئاتاپ تويدۇزۇم جېنىمنى ئۆز ئىستىقلالىغا،
شۇ مۇقەددەس غايىنىڭ چارچىماس تۇلپارىمەن.

شۇم بۇلۇتلار باغرىنى يارماقتا كۆكتە زەر قۇياش،
قاپقارا تۈن ۋەجاھالەت ئىلكىدىن بىزارىمەن.

ۋەتىنىمنىڭ ھۆرلىكى مەن ئۈچۈن جاندىن ئەزىز،
مەيلى شۇ يولدا ئۆلۈم كەلسە ئاڭا تەييارىمەن.

# ۋەتەن سىرتىدىكى مۇجادىلىلەردىن كۆرۈنۈشلەر




بۈيۈك بىرلىك




ئۇلۇغ مۇجاھىد، شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىنىڭ رەھبىرى
ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن خەلقئارا يىغىندا سۆز قىلماقتا




موسكۋادا خىتايغا قارشى نامايىش،




تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار خىتاي
بايرىقىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ مودا ھەيكىلىنى
غەزەپ بىلەن كۆيدۈرمەكتە




ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيىدە خىتايغا قارشى نامايىش



و تىبەت - شەرقىي تۈركىستان - ئىچكى موڭغۇلىيە
خەلقلىرى بىرلەشمە كومىتېتى، ۋەكىللىرى بىرگە



